ياخشى باللار ھەققىدە ھېكايىلەر

# ئىلىم - پەننى سۆيەر بالا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ياخشى بالىلار ھەققىدە ھېكايىلەر

# ئىلىم - پەننى سۆيەر بالا

تەرجىمە قىلغۇچى: قەلبىنۇر قادىر



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

好孩子爱科学的故事/高厚满著：卡里比努·卡迪尔译.
—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.5（2007.4重印）
ISBN 978-7-228-10204-4

Ⅰ.好… Ⅱ.①高…②卡… Ⅲ.儿童文学—故事—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.1287.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 052179 号

责任编辑：艾克巴尔·艾力
责任校对：阿斯亚
封面设计：米尔扎提·阿布都拉·塔吉

好孩子爱科学的故事（维吾尔文）

卡里比努·卡迪尔 译

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编： 830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230 毫米 32 开本 3.875 印张
2006年 8月第1版 2007年 4月 第2次印刷
印数：4061—7060

---

ISBN 978-7-228-10204-4 定价：7.50元

بۇ كىتاب خۇبېي ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار نەشرىياتىنىڭ 2003 ـ يىـ
لى4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2003 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن
تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据湖北少年儿童出版社 2003 年 4 月第 1 版,2003 年 4 月第 1 次印刷本翻译出版 .

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەكبەر ئېلى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئاسىيە
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى

# ئىلىم ـ پەننى سۆيەر بالا

تەرجىمە قىلغۇچى: قەلبىنۇر قادىر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 3.875
2006 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 4061—7060
ISBN978-7-228-10204-4
باھاسى: 7.50 يۈەن

بۇ ھېكايىلەردە ھەربىر مەشھۇر شەخسنىڭ بالىلىق چاغ-
لىرى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلاردا يېزىلغان-
لىرىنىڭ ھەممىسى كىچىك دوستلارنىڭ ئۆز ھېكايىلىرىدۇر.

ئەلۋەتتە، قىممەت قارىشىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبى-
دىن ياخشى بالىنىڭ مۇتلەق ئۆلچىمى يوق. ياخشى بالا دېگەن
بۇ ئاتالغۇ ئەقىللىق، راستچىل، پىداكار، تىرىشچان، ئاددىي -
ساددا، ئوماق··· قاتارلىق نۇرغۇن گۈزەل ئۇقۇملار بىلەن باغ-
لىنىشلىق بولىدۇ. ئالايلى، ئۇلۇغ كەشپىياتچى ئېدىسون كى-
چىك چاغلىرىدىن باشلاپ، پىكىر قىلىشقا ماھىر بولۇپ، «نې-
مە ئۈچۈن؟» دەپ سوئال سوراشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇنىڭدىن
ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بېشى ئاغرىيتتى، ئۇنى قەستەن چاتاق تې-
رىۋاتىدۇ، دەپ قاراپ، مەكتەپتىن چېكىنىشكە نەسىھەت قىل-
غان. لېكىن، ئۇنىڭ ئاپىسى بۇنداق قارىمايتتى. ئۇنىڭ قارى-
شىچە، ئوقۇتقۇچى بالىلارنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى چۈ-
شەنمىگەن. ھەربىر بالىدا چوڭلار ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىغان
ئۇنداق ياكى بۇنداق ھەرىكەتلەر بولىدۇ. لېكىن، بۇ ھەرىكەت-
لەرنى خاتا دەپ قارىماي، ئۇنى توغرا يېتەكلىشىمىزگە توغرا
كېلىدۇ. شۇنداق قىلغىنىمىزدىلا بىر ياخشى بالىنىڭ مەشھۇر
شەخس بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

شۇنداق بولغاچقا، مەزكۇر كىتابتا، مۇھاكىمە ۋە تەھلىل
ئېلىپ بېرىلمىدى. ھېكايە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كىتاب
ئوقۇش سالانى شەكلىدە كىچىك دوستلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تە-
پەككۇر قىلىشىغا، پەرق ئېتىشىگە، مۇنازىرە قىلىشىغا پۇر-
سەت يارىتىپ بېرىلدى ھەمدە كۆپ خىل جاۋاب ۋە ئوخشاش
بولمىغان پىكىرلەر بويىچە كىچىك دوستلارنىڭ ئەركىن ھەم
كۆپ قىرلىق تەپەككۇر قىلىشىغا ئورۇن بېرىلدى.

كىچىك دوستلار ھېكايىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇلارنى
ئاتا - ئانىلىرىغا سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماش-



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

تۇرۇپ، تەھلىل ئېلىپ بارسا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ سىلەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشى ئۈچۈن ياردىمى بولىدۇ. ئۇنىڭ-دىن باشقا، بۇ ھېكايىلەر كىچىك دوستلارنىڭ يېزىقچىلىق قىلىشتىكى ۋە سىنىپ يىغىنى ئېچىشتىكى خام ماتېرىيال بولالايدۇ.

ياخشى باللار ھەققىدىكى بۇ ھېكايىلەردە ئۆگىنىش ئا-ساس قىلىنماي، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەقىقەتنى ھېس قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تەسەۋۋۇر بوشلۇقى قالدۇرۇش ئاساس قىلىنغان. ئۇلاردا بالا بىلەن ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ كۆپ چۈشىنىش ھاسىل قىلىش مەقسىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شۇڭا، بۇ كىچىك دوستلارغا تەقدىم قىلىنغان ناھايىتى ياخشى مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابنىڭ مىللىغان ـ ئون مىڭلىغان غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەت-لىك، قائىدىلىك يېڭى ئەسىرنىڭ مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگى-لىرىنى تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن ئىجابىي رول ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# كىرىش سۆز

ئىنسانىيەت تارىخىدا، چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك نۇرغۇن مەشھۇر شەخسلەر يېتىشىپ چىقىپ، شانلىق سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. بەزىلىرى تاغ ـ دەريالارنى لەرزىگە كەلتۈرگۈدەك ھەيۋەتتى بىلەن بىر مەزگىل دەۋران سۈرگەن؛ بەزىلىرى ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ ئەلنى قايتا قۇرغان؛ بەزىلىرى چوڭقۇر ئىدىيە ۋە ئېقىملارنى يارىتىپ، تارىخ بېتىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغان؛ بەزىلىرى ئاجايىپ ئىستېداتى بىلەن ئالەمشۇمۇل زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇلار باتۇرلار، غالىبلار، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار بولۇپ، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئۈلگىلىرىدۇر.

شۇڭلاشقا، بىز «ئىلىم – پەننى سۆيەر بالا»نى تۈزۈپ، ئاشۇ مەشھۇر شەخسلەرنى ياخشى كۆرىدىغان ھەربىر كىچىك دوستقا تەقدىم قىلدۇق.


ئارخىمېد..................... 1
كوپېرنىك ..................... 7
نيۇتون..................... 14
جېننېر..................... 21
گائۇس..................... 27
دارۋىن..................... 33
ماكسۋېل..................... 39
ئېدىسون..................... 44
سىئولكوۋسكىي..................... 50
ماركونى..................... 56
ئېينىشتېين..................... 62
شىلاردى..................... 68
فېرمى..................... 73
ئوپپېنخەيمېر..................... 79
خوالوگېڭ..................... 83
براۋن..................... 88
تويودا ئېيجى..................... 94
فېرمان..................... 100
لى جىڭداۋ..................... 105
بىل گېيتس..................... 110

# ئارخىمېد



كىچىك ئارخىپ

ئارخىمېد مەشھۇر ئالىم. ئۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرى 287 - يىلى قەدىمكى يۇناندا تۇغۇلغان بولۇپ، قەدىمكى دەۋردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ماتېماتىكا ئالىمى. ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇنلىغان ئىلىم - پەن قانۇنىيەتلىرى ۋە پرىنسىپلىرىنى بايقاپ، ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنىگە ئاساس سېلىش ئۈچۈن غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئارخىمېد ئىتالىيىنىڭ سىتسىلىيە ئارىلىدىكى سىراكۇسا قەدىمىي شەھىرىدە بىر ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئەينى چاغلاردا سىتسىلىيە ئارىلى قەدىمكى يۇنان تەۋەلىكىدە بولۇپ، ئۇ قەدىمكى يۇنان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاراللاردىن خېلى يىراقتا ئىدى. ئارخىمىدنىڭ يۇرتى سىراكۇسا بولسا گۈزەل ھەم ئاۋات بىر شەھەر ئىدى. ھەر كۈنى سىراكۇسا پىرىستانى ئوتتۇرا دېڭىزدىن كەلگەن تۈرلۈك ماللار ياكى ئافېنا قول ھۈنەرۋەنلىرى ئىشلىگەن ئېسىل بۇيۇملار بېسىلغان كېمىلەر بىلەن توشۇپ كېتەتتى، بازارلاردا ئالارمەن - ساتارمەنلەر ۋارقىرىشىپ سودا قىلىشاتتى، تار كوچىلار باردى - كەلدى ئادەملەر بىلەن قىزىپ كېتەتتى.

ئارخېمېد بالىلىق چاغلىرىدا پىرىستاندا تۇرۇپ، كېلىپ - كېتىۋاتقان كېمىلەرگە نەزەر سالغاچ، كېمە نېمە ئۈچۈن سۇدا لەيلەپ تۇرالايدۇ، دېگەنلەرنى خىيال قىلاتتى. ئۇ تاش ۋە ياكى

يوپۇرماقلارنى سۇغا تاشلاپ، تاشنىڭ چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا، يوپۇرماقنىڭ لەيلەپ يىراقلارغا ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى، ئۇنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇنلىغان نېمە ئۈچۈنلەر ئەگىپ كەتمەيتتى. ئۇ ئەنە شۇ مەسىلىلەرنى ئويلاپ، باشقا باللار بىلەن ئويناشنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى.

ئارخىمېد سەككىز ياشقا كىرگۈچە ئانىسى ۋە بالا باققۇچىنىڭ تەربىيىسىدە بولدى. شۇ مەزگىللەردە ئۆيگە مېھمان كەلمىگەن چاغلاردا ئۇ ھويلا ۋە مېھمانخانا ئۆيلەرگە چىقىپ ئوينىيالايتتى، لېكىن دادىسىنىڭ مېھمانلىرى كەلگەن چاغدا ئۇنىڭغا يول قويۇلمايتتى.

ئارخىمېد كىچىك چاغلىرىدا دوستلىرى بىلەن مۆكۈشمەك ئويناشنى، ئارغامچا تارتىششنى، يۈگۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلارنىڭ ئىلەڭگۈچى ۋە ئويۇنچۇق كىتابى بار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىچىككىنە بىر ھارۋىسىمۇ بار ئىدى. ئۇلار كىچىك ھارۋىسىغا ئىت ياكى قويلارنى قېتىپ چاپتۇرۇپ ئوينايتتى، ئۇششاق باللار كەينىدىن قوغلىشىپ ئويناپ خۇشال بولۇشۇپ كېتەتتى.



ئارخىمېد ماتېماتىكا دەرسىنى ھەممىدىن بەكرەك ياقتۇراتتى. ئۇنىڭ دوستى كېررونمۇ ماتېماتىكا ھەۋەسكارى ئىدى. ئۇلار دائىم بىرلىكتە گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەرنى سىزىپ، ئۇنى فورمۇلالار

ئارقىلىق ھېسابلاپ چىقاتتى، ماشىنا سىخېمىلىرىنى سىزاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە كۆپلەپ قەغەز بولۇشى لازىم ئىدى. بىراق ئەينى ۋاقىتتا قەغەز ياساش تېخنىكىسى تېخى ئىجاد قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر تېرە ۋە دەرەخ قوۋزاقلىرىنى قەغەز ئورنىدا ئىشلىتەتتى. ئۇ ھەم قىممەت، ھەم قولايسىز ئىدى. كېررون دائىم:

— ئاپلا نەدىنمۇ قەغەز تاپقىلى بولا، — دەپ ۋايسايتتى.

ئارخىمېد سەل ئويلىنىۋېلىپ، بىر تال تاياقنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ:

— بۇنىڭ بىلەن يەرگە ياز، — دەيدۇ.

كېررون تاياق بىلەن يەرگە نەچچىنى چىجىلاپ:

— يەر قاتتىق بولغاچقا، يازغان خەت ئوچۇق چىقمايدىكەن، — دەپ يەنە ۋايسىدى. ئارخىمېد ئاخىر ئوچاقنىڭ كۆلىنى يەرگە تەكشى يېيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەت يېزىپ كۆرىدۇ. ئاندىن خۇشال بولغان ھالدا، كېررونغا:

— قارىغىنا ئەمدى ئوچۇق چىقتى، — دەيدۇ.

ئارخىمېد دائىم دېڭىز ساھىلىدا يالغۇز سەيلە قىلغاچ مەسىلىلەر ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزەتتى. بىر قېتىم ئۇ دېڭىز ساھىلىدا سەيلە قىلىۋېتىپ، تويۇقسىز ئۆزى ئويلىنىپ كېلىۋاتقان بىر ماتېماتىكىلىق مەسىلىنى يېشىشنىڭ ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىر قۇلۇلە قېپىنى ئېلىپ، قۇم ئۈستىدە ھېسابلاشنى باشلىۋېتىدۇ ھەم قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ئاندىن ئۆيگە قايتىدۇ.

ئەتىسى ئۇ دوستى كېرروننى دېڭىز ساھىلىغا باشلاپ كېلىپ، قۇملۇقنى كۆرسەتكەنچە خۇشال ھالدا:

— مانا بۇ بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش ئورنىمىز، —



دەيدۇ. ئاندىن قۇم ئۈستىگە گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەرنى سىزىشقا باشلايدۇ. كېررونمۇ ھاياجانلانغان ھالدا:

— بەك ياخشى بولدى، بىز دۇنيادىكى ئەڭ ئەرزان قەغەزگە ئىگە بولدۇق، — دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئارخىمېد بىلەن كېررون ھەر كۈنى دېڭىز ساھىلىغا كېلىپ ماتېماتىكا فورمۇلالىرى ۋە مەشىقلىرىنى ئىشلەشنى ئادەتكە ئايلاندۇرىدۇ. كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغىنى، ئارخىمېدنىڭ كېيىنكى چاغلاردا بايقىغان كۆپلىگەن گېئومېتىرىيە پرىنسىپلىرى، فىزىكا فورمۇلالىرى ۋە قانۇنىيەتلىرى ئەنە شۇ دېڭىز ساھىلىدىكى قۇم ئۈستىدە ھېسابلاشتىن بارلىققا كەلگەنىكەن.




كىتاب ئوقۇش كىچىك سالونىمىز بۈگۈن رەسمىي قۇرۇلدى. ئۇ بالىلار ھېكايىلىرىنى ئوقۇشتىن ئالغان تەسىراتلىرىمىزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، مەشھۇر زاتلارنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىنى بىلسەك، ئۇنىڭ بىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزگە ناھايىتى زور پايدىسى بولىدىكەن. «ياخشى بالىلار ھەققىدە ھېكايىلەر» مەجمۇئەسى دېگەن بۇ كىتابتا مەشھۇر ئالىملار، ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىكى ھېكايىلىرى سۆزلەنگەن. ئۇلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مۇقەررەر ھالدا بىزگە زور پايدىسى بولىدۇ.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com



بۈگۈن كۆپچىلىكنى ئارخى-
مېدنىڭ كىچىك چاغلىرى ھەققى-
دىكى ھېكايىنى ئوقۇغاندىن كېيىن-
كى تەسىراتىنى سۆزلەپ بېرىشكە
تەكلىپ قىلىمىز. قېنى كىم باشلاپ
بېرىدۇ؟

دودو



تاغام ماڭا تالانت تىرىشچانلىقتىن،
بىلىم ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ، دېگەندى.
ئارخىمېد كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ماتېما-
تىكا ئىلمىگە زور ئىشتىياق باغلىغان.
دوستى كېررون بىلەن بىللە گېئومېتىر-
يىلىك شەكىللەرنى سىزغان، فورمۇلالارنى
تەھلىل قىلغان. ئۇلار يەنە ھەرتۈرلۈك ما-
شىنا سىخېمىلىرىنى لايىھەلىگەن. ئۈزلۈكسىز
تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق ئارخىمېد ئاخىر
تالانتلىق ماتېماتىكا ئالىمى بولۇپ يېتىلگەن.

شا شا

ماڭا بىر پىشاڭ بەرسە، ئۇنىڭ بىلەن
يەر شارىنى ھەرىكەتلەندۈرەلەيمەن.

— ئارخىمېد





ئارخىمېد كىچىك چېغىدىن تارتىپلا، كاللا ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ شامال چىققاندا كېمە نېمە ئۈچۈن يەلكەن ئارقىلىق ماڭىدۇ، كېمە نېمە ئۈچۈن سۇدا لەيلەپ تۇرالايدۇ، دېگەندەك ھەممە نەرسىگە «نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سوئال قويۇشقا ئادەتلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ تەبىئەت سىرلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش روھى ھەممىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

مى مى



جيا جيا

ئارخىمېد ياشىغان دەۋردە قەغەز ياساش تېخنىكىسى تېخى ئىجاد بولمىغان. كىشىلەر دەرەخ قوۋزاقلىرى، قوي، كالا تېرىلىرىغا خەت يازغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى سەيلۇن دېگەن كىشىنىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى ئىجاد قىلغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولغان.



**بۈگۈنكى سوئال**

سەيلۇننىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى ئىجاد قىلغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

# كوپېرنىك



كىچىك ئارخىپ

كوپېرنىك مەشھۇر ئاسترونومىيە ئالىمى. ئۇ 1473 - يىلى پولشادا تۇغۇلغان. ئۇ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتى» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يېزىپ، دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە «قۇياش مەركەز تەلىماتى»نى ياراتقان.

كوپېرنىك ۋىسلا دەرياسى بويىدىكى تورۇن شەھىرىدە بىر سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل زېھنىي قۇۋۋىتىنى ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە ئىلمىنى تەتقىق قىلىشقا قارىتىپ، «قۇياش مەركەز تەلىماتى»دىن ئىبارەت ئالەمشۇمۇل زور نەتىجىنى ياراتقان. بۇ تەلىمات ئاسترونومىيە ئىلمى تارىخىدىكى بىر قېتىملىق زور ئىنقىلاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ دىنىي جەمئىيەتنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى ياۋروپادا مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن «يەر مەركەز تەلىماتى»نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، تەبىئىي پەننى ئىلاھىيەت ئىلمىنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قىلغان. كوپېرنىك «قۇياش مەركەز تەلىماتى»نى شەرھلەيدىغان ئىلمىي ئەسىرى «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتى»دېگەن ئەسىرىنى ھايات چېغىدا پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 1543 - يىلى ۋاپات بولۇشتىن سەل ئىلگىرىلا ئاندىن

رەسمىي ئېلان قىلغان.

كوپېرنىك ياشىغان دەۋرلەردە ئىلىم - پەن تېخى تەرەق-قىي قىلمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەتىنى پولشادا زور كۆپ ساد-دىكى كىشىلەر كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، خۇدانىڭ ئالەمنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئادەم ۋە بارلىق شەيئىلەرنى خۇدا ياراتقان، دەپ قارايتتى. كۈندۈزى قۇياشنى ئادەملەرگە يورۇقلۇق ئاتا قىلىش ئۈچۈن چىقىرىپ، كېچىسى ئايىنى ئادەملەرنى ئۇخلىۋالسۇن دەپ چىقارغان، قۇياش بىلەن ئاي يەر شارىنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدۇ، يۇلتۇزلاردىن بولسا، يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى بىلگىلى بولىدۇ، دەپ بىلەتتى.

ئەينى چاغدا، كىشىلەر قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ ئۆز-گىرىشىگە ئىنتايىن دىققەت قىلاتتى. كېچىلىرى ئاقار يۇل-تۇزلار كۆرۈنسە، كۈن ۋە ئاي تۇتۇلسا پالچىلار ۋە روھانىيلار نۇرغۇن ئېغۋا تارقىتىپ كىشىلەرنى قورقۇتۇپ، باشقىلارنىڭ پۇل ۋە مېلىنى قاقتى - سوقتى قىلاتتى. شۇ چاغلاردا كو-پېرنىكنىڭ يۇرتىدا تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. كېسەللىك نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ھاياتىغا زامىن بو-لۇپ، كىشىلەر جەسەتلەرنى ھارۋىلارغا بېسىپ، شەھەر سىر-تىغا توشۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. قېرىشقاندەك شۇ كۈنلەردە بىر قېتىم ئاي تۇتۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن پالچىلار ۋە روھانىيلار ئېغۋا تارقىتىپ:

— بۇ بىدئەتچىلەرنىڭ گۇناھى، ئۇلار تەڭرىنىڭ غەزىپى-نى قوزغىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تەڭرى ئاپەت ياغدۇرۇپ، ئىن-سانلارنى جازالاۋاتىدۇ. بىز تەڭرىگە تىلاۋەت قىلىپ، ئىن-سانلارنىڭ گۇناھىنى تىلەيلى، — دېيىشىدۇ.

كوپېرنىكنىڭ دادىسىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولسىمۇ، كېسەل يۇقتۇرۇۋېلىپ، ئاغرىپ قالىدۇ. ئانىسى نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۆيگە روھانىيلارنى چاقىرىپ كېلىدۇ. روھانىيلار ئىلاھ ھەيكىلىنىڭ ئالدىدا تىزلانغىنىچە، سول قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، ئوڭ قولىدا توختىماي كىرىست بەلگىسىنى سىزىپ:

— تەڭرىمنىڭ بۇ گۇناھكار ئادەمنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشىنى تىلەيمەن، — دەپ توختىماستىن تىلاۋەت قىلىدۇ.

روھانىيلار يەتكۈچە سەۋر - تاقەت بىلەن ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، كوپېرنىكنىڭ دادىسىنىڭ كېسىلى ياخشىلانماقتا يوق، تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. روھانىيلار بولسا يىغلا-



سىرىغان ھالدا كوپېرنىكنىڭ ئانىسىغا:

— خانىم، ئەپۇ قىلىڭ، راستىنى ئېيتسام، كېسەلنىڭ گۇناھى بەكمۇ ئېغىر ئىكەن، خۇدا ئۇنى كەچۈرمىدى. خۇدا ئۇنىڭ روھىنى جەننەتكە ئېلىپ بېرىپ، سوراق قىلماقچى، — دەيدۇ.

كوپېرنىكنىڭ ئانىسى يىغلىنىپ يالۋۇرغان بولسىمۇ، ھېلىقى روھانىي بېشىنى چايقاپ تۇرۇۋالىدۇ ھەم ئانىسىنىڭ قولىدىكى پۇلنى ئېلىپ، مۈرىسىدىكى قارا رەڭلىك باش يېپىنچىنى بېشىغا تارتىپ قويۇپ، ئالدىراش كېتىپ قالىدۇ. دادىسى بولسا شۇ كېچىسى جان ئۈزىدۇ.

كوپېرنىك بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. ئاخشىمى ئۇ يالغۇز ئۆگزىگە چىقىپ، يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان چەكسىز بوشلۇقتا ئۇزاققىچە قاراپ ئولتۇرۇپ: «ئاسمان شۇنچىلىك ئېگىز، شۇنچىلىك چەكسىز تۇرسا، خۇدا ئۇ يەردە قانداق تۇرىدىغاندۇ؟ ئۇ يەنە قانداق قىلىپ يەر يۈزىدىكى ئىشلارنى باشقۇرىدىغاندۇ؟...» دېگەن سوئاللارنى ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئانىسىدىن:

— دادام ئەسكى ئادەممۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

— ئۇ باشقىلارغا ئىنتايىن ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ بىرەر يامان ئىش قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن.

— غەلىتە ئىشقۇ بۇ؟ — دەيدۇ كوپېرنىك، — بۈگۈن كەلگەن روھانىي خۇدا بىدئەتچىلەرنى جازالايدۇ، دەۋاتىدىغۇ؟ دادام پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خۇداغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بىرەر يامان ئىش قىلمىغان تۇرسا، خۇدا يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇنى جازالايدۇ؟ قارىغاندا، خۇدا خاتالىشىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com